## 12840 ـ ئاياللار ئەرلەر بىلەن ساۋاپ ۋە جازادا باراۋەرمۇ

### سوئال

بەزى كىشىلەر : ئاياللار ئەقىل ، دىن ، مىراس ۋە گۇۋاھلىق بېرىش جەھەتتە كەمتۈك دەيدۇ . ۋە بەزىلەر : ئاللاھ ئۇلارنى ساۋاپ ۋە جازادا باراۋەر قىلدى دەيدۇ . شۇڭا ئۇلار ئىسلام شەرئىتىدە كەمتۈكمۇـيوق ، قارىشىڭلار قانداق ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

ئىسلام شەرئىتى ئاياللنى ھۆرمەتلەپ كەلدى ، ئۇنىڭ ئورنىنى كۆتۈردى ، ئۇنى ئۆزىگە لايىق ئورۇنغا قويدى ، ئۇنى ئاسرىدى ، ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەق ـ ھۆرمىتىنى قوغدىدى . شۇنىڭ بىلەن ئىسلام ئايالنىڭ ئىگەـ چاقىسىنى ۋە ئېرىنى ئۇنىڭ چىقىمىنى قىلىشقا ، ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشقا ، ئۇنى ئاسراشقا ۋە ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرىدى . ئاللاھ مۇنداق دىگەن : ئۇلار بىلەن ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈڭلار [ نىسا(ئاياللار): 19 ]

ئىسپاتلاندىكى ، پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ تەربىيلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) مۇنداق دىگەن : سىلەرنىڭ ياخشىڭلار ئاياللىرىغا ياخشى بولغانلار . ھەمدە مانا مەن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ئاياليمغا ياخشىمەن . [ تىرمىزىي نەقىل قىلغان ، 5709 ، 3895 ]

ھەمدە ئىسلام ئاياللا ئۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان بارلىق ھوقۇقلارنى بەردى ھەمدە ئۇلارغا ئىشلىرىنى مۇۋاپىق ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىشقا رۇخسەت قىلدى . ئاللاھ مۇنداق دىگەن : ظاياللىرع ظىستعدة ظىرلةرنعث ھةقلعرع بولغعنعدةك، ظةرلعرع ظىستعدة ظاياللارنعثمۇ ھةقلعرع بار (يةنع ظاياللار مذؤاصعق دةرعجعدة ھوقذقتعن بةھرعمةن بولذشع كئرةك ،مذؤاصعق دةرعجعدة مةجبذرعيةتمۇ ظأتعشع كئرةك ).(ظاياللارغا مةھرع بئرعش ؤة ظذلارنعث تذرمذشعنع قامداش مةجبذرعيةتلعرع ظةرلةرضة يىكلةنضةنلعكتعن ) ظةرلةر ظاياللاردعن بعر دةرعجة ظارتذقلذقتا ظعطعضة .الله غالعصتذر .ھئكمةتلعك بعلعن ظعش قعلعغذحعدذر . [ بەقەرە(ئىنەك ) : 228 ]

بۇ بارلىق مۇئامىلىلەرنى ، سېتىۋېلىش ، سېتىش ، ياراشتۇرۇش ، ۋەكىل قىلىش ، ئارىيەت بېرىش ، ئامانەتكە قويۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

ئىسلام ئۇنىڭغا ئىبادەتلەر ۋە مەجبۇرىيەتلەردىن ئۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغىنىنى ۋاجىپ قىلدى ، ئەر كىشىگەئوخشاش ۋاجىپ ئىشلار بولسا پاكلىنىش ، زاكات ، ناماز ، روزا ، ھەج ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىبادەتلەر .

بىراق ئىسلام مىراسقا كەلگەندە ئاياللا ئەرنىڭ ئۈلۈشىنىڭ يېرىمىنى بىكىتتى ، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزىگە ، ياكى ئۆيىگە ۋە ياكى باللىرىغا چىقىم قىلىش مەجبۇرىيتى يوق . ئۇنىڭ مەجبۇرىيتى ئەردە . ۋە شۇنىڭدەك ئەركىشى مېھمانلارغا چىقىم قىلىشقا ،

قۇتقۇزۇش پۇلىنى(دىيەت) بىرىشكە ، ھەمدە توقۇنۇشتىن قالغان جامائەتلەر ئارىسىدىكى مۇرەسسەگە چىقىم قىلىشقا مەسئۇل .
بەزى ئەھۋاللاردا ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ بىر ئەرنىڭ گۇۋاھلىقىغا تەڭ بولۇشىغا كەلسەك ، بۇنىڭ سەۋەبى ئايال كىشى ئۆزىدىكى ھەيز ، ھامىلدارلىق ، تۇغۇش ، باللارنى بىقىش قاتارلىق تەبىئىي ئايلىنىشلار سەۋەبلىك ئەرلەرگە قارىغاندا بەكرەك ئۇنتۇغاق كىلىدۇ . بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كاللىسىنى ئىگەللىۋالىدۇ ھەمدە ئۇنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ . شۇڭلاشقا شەرئى دەلىلەر كۆرسەتتىكى ، يەنە بىر ئايال بىر ئايالنىڭ گۇۋاھلىقىنى كۈچەيتىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تىخمۇ توغرا بولىدۇ . بىراق يەنە پەقەت ئايالالارغىلا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار بولۇپ ، ئۇنىڭدا بىر ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى يىتەرلىك بولىدۇ . مەسىلەن ، بالا قانچە قىتىم ئىمىتىلگەنلىكىنى ، تويغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەيىپلەر ۋە باشقىلارنى ئىنىقلاش .
ئايال ئەجىردە، ئىماندا چىڭ تۇرۇشتا ، يارام ئىشلارنى قىلىشتا ، بۇ دۇنيادا ياخشى تۇرمۇشتىن، ئاخىرەتتە كاتتا مۇكاپاتتىن بەھرىمەن بولۇشتا ئەر بىلەن باراۋەر .
ئاللاھ مۇنداق دىگەن : ظةر ـ ظايال مأمعنلةردعن كعمكع ياخشع ظةمةل قعلعدعكةن، بعز ظذنع ظةلؤةتتة (دذنيادا قاناظةتحالنلعق، هالال رعزعق ؤة ياخشع ظةمةللةرضة مذؤةصصةق قعلعص) ظوبدان ياشعتعمعز، ظذلارغا، ظةلؤةتتة، قعلغان ظةمةللعدعنمذ ياخشعراق ساۋاب بئرعمعز . [ نەھىل(ھەسەلھەرىسى ): 97 ]
شۇنىڭ بىلەن بىلدۇقكى ، ئايالنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى بار ۋە مەجبۇرىيەتلىرى بار ، ۋە شۇنىڭدەك ئەرنىڭمۇ ھەق-ھوقۇقلىرى ۋە مەجبۇرىيەتلىرى بار . ھەمدە يەنە ئەرلەرگە ماس كىلىدىغان ئىشلار بار بولۇپ ، ئاللاھ ئۇ ئىشلارنى ئەرلەرنىڭ مەسئۇلىيتى قىلدى ، شۇنىڭدەك ئايالالارغا ماس كىلىدىغان ئىشلار بار بولۇپ ، ئۇ ئۇلارنى ئايالالارنىڭ مەسئۇلىيتى قىلدى .
ھەمدە ئاللاھ كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ مەنبىيى .
[ ئىلمى تەتقىقات ۋە فەتىۋا بىرىش دائىمى كومىتىتى 717 ]